ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى دائىملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى دائىملىق ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشتا كۈچەپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە مۇلازىمەت قىلىش ۋە سىڭىشىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈم مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكەپ سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى كۈچەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا دائىر ئەمەلىي ئىشلارنى سىجىل ياخشى بېجىرىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئامموۋى ساغلاملىق مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىش؛ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى خەلق تەربىيەسى، كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ياخشى يېتەكلەپ، دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇملۇقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئونىنچىدىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» تېمىسىدىكى ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ياش - ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىرادە كۈچى، چىدامچانلىق كۈچى، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، كۈرەش قىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋردە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان سادىقلىقىنى شەرھلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى ترانسپورتىغا ياردەم بەردى. «ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان پاراۋوز 141گە، لىنىيەدىكى پويىز خادىمى 460تىن كۆپرەككە يېتىپ، تېز قاچىلاش، تېز توشۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىندى» دېدى ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستكىسى ئۈرۈمچى ئىشلىتىش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شياۋ شىنخۇي.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسىنىڭ توشۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، توشۇش ئىقتىدارى كەمچىل بولغان ئۇچاستكىلاردىكى مال ئېقىمىنى ۋاقتىدا تارقاقلاشتۇرۇپ، ئەسلىدە لەنجوۋ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا توشۇلىدىغان ماللارنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى ئارقىلىق توشۇشقا ئۆزگەرتىپ، لەنجوۋ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ توشۇش بېسىمىنى يېنىكلەتتى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئۈستى ئوچۇق ۋاگونلۇق دەۋرىيلىك پويىز قاتنىشىنى يولغا قويۇپ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئايلانما لىنىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرقىي جۇڭغار تەۋەلىك رايونىغا قۇرۇق ۋاگونلارنى قايتۇرۇپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، يۈك بېسىلغان ۋاگون، قۇرۇق ۋاگونلارنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلۇپ توشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

سىياسىي مەسئۇلىيىتى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ۋە جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەبلەغ، كەسىپ، تۈر، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى كۈچلۈك ئېلېكتر ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلى ھەم شىنجاڭنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پىلانلىدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ كۈچلۈك تىرەك بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز «ئۈچ بازا، بىر يول»نىڭ ئورنىنى بېكىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، دۆلەت ئېلېكتر تورى چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى دەرىجىلىك ئېلېكتر تورى قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيەنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىمىز. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىركىتىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قوللىشىنى، ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ قوللاپ، ياردەم بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شىن باۋئەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىركەتنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇلازىمەت قىلىش شىركەتنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىركىتىمىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى زورايتىپ، گۇرۇھنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى سىجىل ياخشى ئىشلەيدۇ. «ئۈچ بازا، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، 750 كىلوۋولتلۇق غول تور رامكىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ. «كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيترالللاشتۇرۇش» نىشان - تەلىپىنى چۆرىدەپ، پاكىز ئېنېرگىيەنى تورلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، «ئېلېكترلەشكەن شىنجاڭ» قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىپ، توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن، دۆلەت ئېلېكتر تورى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى جاڭ جىگاڭ سۆھبەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىگە كرېدىت تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بىز يەنە كىچىك دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يەر ئوبوروتى، پاي ھەمكارلىقى، يەرنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن تېرىش، ۋاكالىتەن ئۆستۈرۈش، بىرلىشىپ تېرىش، بىرلىشىپ ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىدە ئورتاق باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئوتلاق بىلەن چارۋىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىدە كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كرېدىت جەھەتتىن يۆلەيمىز.» شىنجاڭ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىرلەشمىسى دېھقان ئائىلىلىرى كرېدىت كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لىۋ شىندۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز ناھىيە، يېزا - بازار، كەنتلەردىكى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تارماقلىرى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، پىكىرلىشىپ، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، يۆتكەپ توشۇشىغا كرېدىت جەھەتتىن مەدەت بەردۇق.»

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى بانكا، كوپېراتىپلار جەمئىي كەسپلەشكەن باشلامچى كارخانىدىن 180نى، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 1723نى قوللاپ، 9 مىليارد 679 مىليون يۈەن كرېدىت مەبلىغى تارقىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى فىزىكىلىق تور نۇقتىسىدىن 1125نى، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت پونكىتىدىن 9361نى قۇرۇپ، بارلىق يېزا - بازارلارنىڭ فىزىكىلىق تور نۇقتىلىرى بىلەن تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، ھەم بارلىق كەنتلەردە POS ماشىنىسى، ATM ماشىنىسى، پۇل ئامانەت قويۇش - ئېلىش ماشىنىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت ماشىنىلىرى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

قەرز پۇل بېرىش شەكلى جەھەتتە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز، رەنىگە قويۇش، كېپىللىك قاتارلىق كۆپ خىل قەرز بېرىش شەكلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ھەم «ئۇچراشماس شەكىل»دىكى تور كرېدىت كەسپىنى پائال يولغا قويۇپ، خېرىدارلارنى «يېزا ئىگىلىك قەرزىنى راۋانلاشتۇرۇش» قاتارلىق تور يولى ئارقىلىق قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا، پۇل ئىشلىتىشكە ۋە پۇل قايتۇرۇشقا يېتەكلەپ، تور نۇقتىلىرىنىڭ مەركەزلىك قەرز بېجىرىش بېسىمىنى ئازايتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش كرېدىت مۇلازىمىتىنىڭ قولايلىقلىقىنى ئاشۇردى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ يانفون بانكىسى ئارقىلىق «يېزا ئىگىلىك قەرزىنى راۋانلاشتۇرۇش» مەھسۇلاتىنى ئىشلىتىپ تارقاتقان ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش قەرز پۇلى تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 46.84%نى ئىگىلىدى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈرئىتى بويىچە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنىڭ كرېدىت تارقىتىش رىتىمىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، كرېدىت مەبلىغىگە ئېھتىياجى بار ھەم شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان دېھقان - چارۋىچى ئائىلىلىرىگە كرېدىت تارقىتىشنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈپ، دېھقان ئائىلىلىرى ۋە يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتەرلىك مەبلەغ كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى لىۋ شىندۇڭ.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىلەن قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يولغا قويۇپ، يېتەكچىلىك، تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل بىز ئويۇن قويۇش دائىرىسىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىپ، ناخشا، ئۇسسۇل، دراما، ئېيتىش، سېرك قاتارلىق ئامما ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق، ئاممىنى ئىشىكى ئالدىدىلا مەدەنىيەت كاتتا تائاملىرىدىن بەھرىمەن قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى سەي شياۋرۇڭ.

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى قاتارلىق يەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت يۇرتى - ئۆمىكى تەشكىللەپ قۇرغان 11 «ئانار دانىسى» ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش شۆبە ئەترىتى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى يېزا - كەنت، مەھەللىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويىدىكەن، پۈتۈن يىلدا 1100 مەيداندىن ئاز بولمايدىكەن.

بۇ بىرنەچچە كۈندە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى رەنا ئابدۇكېرىم يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. «مەن شۆبە ئەترەتتە ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، ‹رەڭگارەڭ گۈللەر› ناملىق ئۇسسۇلنى تەييارلىدىم، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا كەنت ئاھالىلىرىگە ئۆگىتىپ قويماقچى بولۇۋاتىمەن» دېدى ئۇ.

«بىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىمىز ئاممىدىن كەلگەن، بىز ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆگەنسەكلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلالايمىز، ئاندىن تۇرمۇشقا يېقىنلىشالايمىز، خەلققە يېقىنلىشالايمىز، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرالايمىز، ئىجاد قىلالايمىز» دېدى شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئېلىجان ياقۇپ.